ئايگۈل ئابلەت

# سەھرا قىزى



2

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



ئايگۈل ئابلەت

# سەھرا قىزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

ئايگۈل ئابلەت

# سەھرا قىزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2008 - يىل 3 - ئاي ئىستانبۇل

www.uyghurweb.net

Baskı-cilt: bayrak Mat·Ltd·Şti
Mart 2008

İrtibat adresi: Yendidoğan mh 41· sok No: 7/4
Zeytinburnu – ıstanbul
Tel: 02126798688 05324144055

# مۇندەرىجە


سالام كىتابخان!.............................5
ئۇستازلارغا.......................................7
رەھمىتىم .......................................10
دوستلىرىم.......................................12
بۇلىقىم ...........................................14
يوللىرىڭغا قاراپ ...........................15
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن ..................17
غۇنچە مەن .....................................18
ھەي قوزىچاق...................................20
بىزگە ۋەتەن بەك كېرەك.................22
ئۈمىد بىلەن ياشايمىز........................24
ئۇزاق ئەمەس ....................................26
ئۇيغۇر ئوغلىمەن ...............................27
جان قوزام .......................................29
كۆلۈپ كەتمەڭ، كىچىك دىمەڭ..........31
ھىلىگەر تۈلكە ..................................33
مۈشۈك بىلەن چاشقان........................34
توشقان بىلەن ئۆردەك ......................36

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەپتەر بىلەن قاغا ........................ 38
يول.......................................... 40
ئۇيغۇر قىزى سەن ......................... 42
سۆيسەم ..................................... 44
يىغلىما قىز................................. 45
سەھرا قىزى ................................ 47
يارىشىپتۇ.................................... 50
ھەيران ...................................... 52
جان ئانا .................................... 55
چۈش ........................................ 58
باغۋەنىنىڭ زارى .......................... 63
قۇتۇلايلى.................................... 68
دوكتورلارغا ............................... 71
خۇش كەلدىڭ رامىزان...................... 74
ئەقىللىق يىگىت............................ 76
كۆل بويى (بېيىت)......................... 79
ئىللەت ۋە خىسلەت (داستان) ........... 86
نورۇزخان ۋە نورۇز بوۋاي(ئېپىزوت) ........... 111

سىگانلىقنىڭ دەردىنى،
ھەجەپ بەكمۇ تارتىپ كەتتىم.
نەدىن كەلدىڭ دەپ سورىسا،
تىلىنى بىلمەي قىينىلىپ كەتتىم.

قانداق قىلىپ 11 يىلنىڭ،
تېز ئۆتكىنىنى بىلمىدىم.
قانداق قىلىپ ساچلارنىڭ،
چار بولغىنىنى بىلمىدىم.

كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم،
مىللىتىمنىڭ نالىسىنى.
ئىچ- ئىچىمدىن ئۆكۈنۈمەن،
بوش ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى.

بىسمىللاھ دەپ باشلىدىم،
بىلگىنىمنى ئازراق.

تەلىم بەرسۇن ئۇستازلار دەپ،
بىلگىنىنى كۆپراق.

ئوقۇپ بولۇپ يازغىنىمنى،
مەنىستىمەستىن كۈلۈپ كەتمەڭ.
ئاران قىلغان ئەمگىكىمنى،
شاڭخو قىلىپ يوق قىلىۋەتمەڭ.

2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مىيۇنخېن

## رەھمىتىم

مىللەت ئۈچۈن ئىزدەنگەن،
ئالىمىمغا رەھمىتىم.
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغان،
كۈرەشچىمگە رەھمىتىم.

ئانا تىلدىن ئىلىم بەرگەن،
ئۇستازلارغا رەھمىتىم.
ئالىپبەكىن مەكتىپىگە،
ھەممىمىزدىن ئاپىرىن.

مىللەت ئۈچۈن داۋا قىلغان،
داۋاچىمغا رەھمىتىم.
ۋەتەن ئۈچۈن جېنى پىدا،
ئوغلانلارغا رەھمىتىم.

نادانلارغا يول ئاچقان،
دانىشمەنگە رەھمىتىم.
جامائەتكە خىزمەت قىلغان،
دەرنىكىمگە[1] رەھمىتىم.
كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغان،
كۆپچىلىككە رەھمىتىم.

---

[1] دەرنەك ـ جەمئىيەت، تەشكىلات دېگەن سۆز.

## دوستلىرىم

كېلىڭ، كېلىڭ دوستلىرىم،
چاپسان كېلىڭ دوستلىرىم.
ئالىپتېكىن مەكتىپىدىن،
ئورۇن ئېلىڭ دوستلىرىم.

كېلىڭ كېلىڭ دوستلىرىم،
ئويناپ يۈرمەڭ دوستلىرىم،
ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى،
تېز ئۆگىنىڭ دوستلىرىم.

ئەگەر ئۆگىنىپ بولسىڭىز،
ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى،
ئوقۇپ بېقىڭ دوستلىرىم،
ئانا يۇرت ماقۇزۇسىنى.

ئۇيغۇر كىتاب ئۇۋىسى
www.uyghurkitap.com

كېلىڭ، كېلىڭ دوستلىرىم،
ئويناپ يۈرمەڭ دوستلىرىم،
ئۇيغۇرۇمنىڭ تارىخىنى،
ئىزدەپ ئۆگىنىڭ دوستلىرىم.

تۈگۈلگەن شۇ تۈگۈنچىنى،
شېشىپ ئۆگىنىڭ دوستلىرىم.
ئېچىلمىغان سىرلارنى،
ئېچىپ ئۆگىنىڭ دوستلىرىم.

2007 - يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

# بۇلىقىم

بۇلدۇق- بۇلدۇق بۇلىقىم،
ھەجەپ تاتلىق سۈلىرىڭ.
ئىچىپ، ئىچىپ قانمايمەن،
توشۇپ زادى ھارمايمەن.

بۇلدۇق-بۇلدۇق بۇلىقىم،
ھەجەپ سۈزۈك سۈلىرىڭ.
ئەتراپىڭدا ئوينايمەن،
ساڭا قاراپ تويمايمەن.

بۇلدۇق-بۇلدۇق بۇلىقىم،
ھەر كۈنى ئاقار سۈلىرىڭ.
ئېقىپ كىرىپ باغلارغا،
رەڭ بېرىدۇ گۈللەرگە.

2007 - يىل 4 - ئاي مىيۇنخېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يوللىرىڭغا قاراپ

قاراپ- قاراپ يوللىرىڭغا،
زادى ھېرىپ قالمىدىم.
قاچان كېلەر ئانام دەپ،
پەقەت ئۇخلاپ قالمىدىم.

ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە،
خۇش بوپ قالسۇن دېگەنتىم،
پاكىز قىلىپ ئۆيلەرنى،
تازىلاپ قويۇپ دېگەنتىم.

ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە،
ھاردۇقى چىقسۇن دېگەنتىم،
تاتلىق قىلىپ تاماقلارنى،
ئېتىپ قويۇپ دېگەنتىم.

بىلىپ دادام مەقسىتىمنى،
سۆيۈپ كەتتى مەڭزىمگە.
مېنىڭ قىزىم چوڭ بوپتۇ دەپ،
سۆزلەپ كەتتى ھەممىگە.

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

## بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن

كېپىنەك بوُپ ئۇچىمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
ئەتىگەندە، سەھەردە،
گۈل-چېچەككە قونىمەن.

خۇشپۇراقلىق گۈللەرنىڭ،
پۇراپ ھىدىنى ئالىمەن.
شوراپ-شوراپ چېچەكلەرنىڭ،
شېرنىسىنى يىغىمەن.

يىغىلغان شۇ شېرنىلەرنى،
ئاق چۆچەككە قويىمەن.
شىپا بولسۇن بىمارغا دەپ،
ھەر كۈنى ئويلاپ يۈرىمەن.

2007 - يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## غۇنچە مەن

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىمەن،
ئەتىر گۈلنىڭ غۇنچىسىمەن.
باغۋەنلەرنىڭ ئۆستۈرگەن،
ئارزۇ ئارمان دەرمانىمەن.

باغلاردىكى خۇش پۇراق،
رەيھانگۈلنىڭ غۇنچىسىمەن.
باغۋەنلەرنىڭ سىڭدۈرگەن،
مۇشەققەتلىك ئەجرىسىمەن.

غۇنچە بولۇپ سەھەردە،
قۇياشقا تەشنا بولسىمەن.
غۇنچە بولۇپ، چېچەكلەپ،
سۇغا تەشنا بولىمەن.

غۇنچە بولۇپ، خىلمۇ خىل،
گۈللەرگە رەڭ بېرىمەن.
غۇنچە بولۇپ، ھەر كۈنى،
ھاياتقا زوقلۇق بېرىمەن.

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەي قوزىچاق

ھەي ھەي قوزا، قوزىچاق،
ئويناپ ھاردىم قوزىچاق،
قورساقلىرىم بەك ئاچتى،
كېتەيلىچۇ قوزىچاق.

يۇغىن چاپسان قولۇڭنى،
كەلگىن شىرەگە قوزىچاق،
ئانام ئەتكەن سۈت ئاشنى،
تەڭ يەيلىچۇ قوزىچاق.

قورساقلارمۇ بەك تويدى،
ياتمايلىچۇ قوزىچاق.
بېرىپ ئۇستاز قېشىغا،
بىلىم ئالايلى قوزىچاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هەي هەي قوزا، قوزىچاق،
ھېس قىلدىڭمۇ قوزىچاق.
ئانام ئەتكەن سۈت ئاشنىڭ،
تەمى شۇنداق تاتلىقكەن.
ئۇستاز بەرگەن بىلىمنىڭمۇ،
ئىلمى شۇنداق كۈچلۈككەن.

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

## بىزگە ۋەتەن بەك كېرەك

ئاق تېرەك، ئاپپاق تېرەك،
بىزگە دوستلار بەك كېرەك.
كېلىنىڭ دوستلار دوست بولايلى،
سىزمۇ بىزگە بەك كېرەك.

ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزگە كۆپ كىتاب كېرەك.
كېلىنىڭ دوستلار ئۆگىنەيلى،
بىزگە كۆپ ۋاقىت كېرەك.

ئاق تېرەك، بوستان تېرەك،
بىزگە ئۇستاز بەك كېرەك.
كېلىنىڭ دوستلار قەدىرلەيلى،
ئۇنىڭ ئىلمى بىزگە كېرەك.

ئاق تېرەك، مەزمۇت تېرەك،
بىزگە ئانا بەك كېرەك.
كېلىڭ دوستلار قوغدايلى،
بىزگە ۋەتەن بەك كېرەك.

2007 ـ ميۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۈمىد بىلەن ياشايمىز

ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
تىنچ ئوكيان قىتئەلەردە،
ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
چول - جەزىرە باياۋاندا.

ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
غىرىبانە بۇ باغلاردا،
ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
كۆز ياشلىرىمىزنى تۆكمەيمىز.

ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
هەر بىر مىنۇت دەقىقىدە،
ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
بوران - چاپقۇن كۈرەشلەردە.

ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
مارىسلارغا چىقىمىز،
ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
ئارزۇلارغا يېتىمىز.

2007 - يىل 2 - ئاي ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇزاق ئەمەس

ئايمۇ ئاسماندا ئىكەن،
كۈنمۇ ئاسماندا ئىكەن.
بىزنىڭ كۆزلىگەن مەنزىل،
بەكمۇ ئۇزاقتا ئىكەن.

ئاسماندىكى ئايغىمۇ،
چىقار ئىكەن ئادەملەر.
ئۇزاقتىكى مەنزىلگىمۇ،
يېتەر ئىكەن ئادەملەر.

غەيرەت قىلغان ئادەملەرگە،
ئاسمان دېگەن ئېگىز ئەمەس.
جۈئەت قىلغان ئادەملەرگە،
مەنزىل دېگەن ئۇزاق ئەمەس.

2007 ـ يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر ئوغلىمەن

سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنى
مەن باغچىغا بارىمەن،
كۆرۈپ ھەر خىل دوستلارنى
بىللە ئويناپ يۈرىمەن.

ئۇ دوستۇممۇ سورايدۇ،
بۇ دوستۇممۇ سورايدۇ،
نەدە سېنىڭ يۇرتۇڭ دەپ،
ھېچكىم زادى بىلمەيدۇ.

كۈلۈپ تۇرۇپ دوستلىرىمغا
شۇنداق سىرلىق قارىدىم،
باشلىرىمنى لىڭشىتىپ
بوۋايلاردەك سۆزلىدىم.

خاندانلىقنىڭ خاندىكى
بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسىمەن،
تارىخلاردا ئىز قالدۇرغان
باتۇر ئۇيغۇر ئوغلىمەن.

2007 - يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جان قوزام

ياۋرۇپادا تۇغۇلۇپ،
ئويناپ كۆلۈپ چوڭ بولدۇم،
ئېلىپ ھەرخىل تەلىمنى
ياۋروچە «بوي»[2] بولدۇم.

كېلىپ ئانام يېنىمغا،
باشلىرىمنى سىلىدى،
دېدى ماڭا يالۋۇرۇپ،
كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزدى.

ئىسمىڭ ئۇيغۇردۇر قوزام
جىسمىڭ ئوغۇلدۇر قوزام،
ئاناڭ تۇغۇلمىغان بۇ يۇرتتا
ئۆزۈڭ غېرىپتۇر قوزام.

---

[2] بوي — يىگىت.

گەپ ئاڭلىغىن جان قوزام،
مېنى دەردتە قويمىغىن،
ئوبدان ئوقۇ جان قوزام،
ئۆمىدىمنى ئاقلىغىن.

2007 - يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

## كۆلۈپ كەتمەڭ، كىچىك دىمەڭ

ھەي خالايىق، خالايىق،
قۇلاق سېلىڭ خالايىق،
ئاڭلاپ بىزنىڭ ۋەدىمىزنى،
كۆلۈپ كەتمەڭ خالايىق.
قاراپ بىزنىڭ تۇرقىمىزغا،
كىچىك دىمەڭ خالايىق.

ئۇ تاغقىمۇ چىقىمىز،
بۇ تاغقىمۇ چىقىمىز،
سادىر پالۋاندەك بولۇپ،
باتۇر ئەزىمەت بولىمىز.

قول تۇتۇشۇپ ھەممىمىز،
مەختۇمسۇلانى قوغدايمىز،
چىن تۆمۈر باتۇر بولۇپ،
يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ، بىلىم ئالىمىز،
ئىلىم ـ پەننى قازىمىز،
مەھمۇد قەشقىرى بولۇپ،
كەشپىياتچى بولىمىز.

لاچىن بولۇپ ئۇچىمىز،
بۆركۈت بولۇپ قونىمىز،
ۋەتىنىمىز تۈركىستانغا،
مەڭگۈ ئىگە بولىمىز.
تەڭرىتاغنىڭ چوققىسىغا
كۆك بايراقنى تىكىمىز!

2007 ـ يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھىلىگەر تۆلكە

تۆلكە دېگەن ھىلىگەر،
بىزنىڭ باغقا كىرىۋاپتۇ،
ھىلىگەرلىك قىلىپ يۈرۈپ،
ھەممە باغنى ئېلىۋاپتۇ.

تاتلىققىنا مېۋىلەرنىڭ،
ھەممىسىنى يەپ بوپتۇ.
يېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى،
بۇرۇنلىرىدىن چىقىرىپ بوپتۇ.

تويمىغۇرلۇق قىلىۋېرىپ،
ھەممە يەرگە چاڭ ساپتۇ،
قانداق قىلىپ ئۆلەرىنى
ئۆزى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ.

2007 - يىل 4 - ئاي مىيۈنخېن

## مۈشۈك بىلەن چاشقان

مىئا ـ مىئا مۈشۈكۈم،
مىياۋلاپلا يۈرۈيسەن،
پۇراپ، پۇراپ يەپ بولۇپ،
كۆزنى يۇمۇپ ياتىسەن.

تاتلىقنىمۇ يەپ بولدۇڭ،
ئاچچىقنىمۇ يەپ بولدۇڭ،
ماڭا كەلگەن ئامەتنىڭ
ھەممىنى سەن ئەپ بولدۇڭ.

كىس-كىس، كىس-كىس چاشقانچاق،
كىسىلدىماي ياتساڭچۇ،
مۈشۈك بىلەن تەڭ بولغۇچە،
قۇيرۇقۇڭنى قىساڭچۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەقلىڭ بولسا مۆشۈكچىلىك،
سەنمۇ پۇراپ يۈرسەڭچۇ،
نەدە ئۆتەر بىر كۈنۈم دەپ،
ماراپ ئىزدەپ يۈرسەڭچۇ.

كىس كىس چاشقان بولسامۇ،
قۇيرۇقۇمنى قىسمايمەن،
ئۇياتسىز شۇ مۆشۈكتەك،
كۆزنى يۇمۇپ يۈرمەيمەن.

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

## توشقان بىلەن ئۆردەك

ئاپپاق، ئاپپاق توشقانجان،
تىك ـ تىك سەكرەپ يۈرۈيسەن،
ياپپېشىللىق چىمەنزارنىڭ،
ھۇزۇرىنى ئالىسەن.

كىرىپ قالساق ئۆيۈڭگە،
بىزنى كۆرۈپ قاچىسەن،
كىرلەتتىڭ دەپ ئۆيۈمنى،
بىزدىن خاپا يۈرۈيسەن.

ئۆردەك، ئۆردەك ئۆردىكىم،
مەندىن خاپا بولمىغىن،
يېشىل چىملىق ئۆيلىرىمنى،
قارا پاتقاقلىق قىلمىغىن.

ئۆردەك مەن دەپ يورويسەن،
هاكاۋۇرلۇق قىلىسەن،
سېسىق قىلىپ پاكىز كۆلنى،
كېرىلىپلا يورويسەن.

2007 يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كەپتەر بىلەن قاغا

ئاپپاق ـ ئاپپاق كەپتەرلىرىم،
قايسى ياققا ئۇچتۇڭلار،
قول تۇتۇشۇپ تىزىلىپ،
كىمنى ئىزدەپ ماڭدىڭلار.

قارا ـ قارا قاغىلىرىم،
كۆن پېتىشقا ئۇچتۇق بىز،
يالغۇز قالغان دوستلارنى،
ئەپ كېلىشكە ماڭدۇق بىز.

ئاپپاق ـ ئاپپاق كەپتەرلەر،
خۇيمۇ ئەخمەق بوپسىلەر،
يالغۇز قالغان دوست ئۈچۈن،
بەكمۇ ئۇزاققا ئۇچۇپسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالغۇز قالسا قالمامدۇ،
بۆرە يېسە، يېمەمدۇ،
يالغۇز قالغان شورىنى،
ئۆز پېشانىسىدىن كۆرمەمدۇ.

قارا ـ قارا قاغىلىرىم،
كۆڭلى قارىلىق قىلماڭلار،
يالغۇز قالغان دوستۇڭلارنى،
ھەرگىز تاشلاپ قويماڭلار.

2007 ـ يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

# يول

ئۇزۇنمۇ يول ئىكەن،
پارلاقمۇ يول ئىكەن،
يورۇق تۈز، ئېگىزمۇ يول ئىكەن،
شەرەپ ـ نومۇسمۇ يول ئىكەن.

سەپەرمۇ يول ئىكەن،
ياخشىمۇ يول ئىكەن،
ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشمۇ يول ئىكەن.
ئىمان ـ ئىنساپمۇ يول ئىكەن.

ئەگرى ـ بۈگرى، تۇيۇقمۇ يول ئىكەن،
ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادا،
يوللارنىڭ تۈرى
ناھايىتىمۇ كۆپ ئىكەن.

ئادەم بولۇپ ياشىماق،
ھاياتلىقتا شۇنداق تەس ئىكەن،

www.uyghurkitap.com

قايسى يولنى تاللاشنىڭ
ئۆزى قىيىن ئىش ئىكەن.

ئۆزىنى بىلگەن ئىنسانلار،
ئەقلى بىلەن تاللار ئىكەن،
تاللاپ - تاللاپ ئاخىرى،
يورۇق يولغا چىقار ئىكەن.

ئۇخلاپ يۈرگەن ئىنسانلار،
چۈش كۆرۈپلا ياتار ئىكەن،
قايسى يولغا كىرىشنى،
ئۆزى بىلمەي يۈرەر ئىكەن.

ۋىجدانى يوق ئىنسانلار،
غالجىر ئىتتەك قاۋار ئىكەن،
قاۋاپ - قاۋاپ ئاخىرى،
ئۆزى ھالاك بولار ئىكەن.

2006 - 10 - ئاي مىيۇنخېن گېرمانىيە

## ئۇيغۇر قىزى سەن

ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايسەن،
بوينۇمدىكى تۇمارىمسەن،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
سۇمبۇل چاچلىق ئۇيغۇر قىزى سەن.

ئاسماندىكى ھۆر - پەرى سەن،
باغلاردىكى بۇلبۇل سەن،
مېنى مەھلىيا قىلدۇرغان،
خۇمار كۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى سەن.

باغلاردىكى رەڭمۇ رەڭ،
خۇش پۇراقلىق چېچەك سەن،
مېنى بىھۇش قىلدۇرغان،
جەننەتتىكى ئىپار سەن.

گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى سەن،
دىلىمدىكى دىلبىرىم سەن،
كۆكتىكى يۇلتۇز بولۇپ،
چاقناپ تۇرغان نۇرۇم سەن.

گۆھەرلەرنىڭ گۆھىرى، چولپانلارنىڭ چولپىنى سەن،
ھاياتىمنىڭ ھاياتى، ئۇيغۇرۇمنىڭ غۇرۇرى سەن،
ۋەتەن سۆيگەن ئوغلانلارنىڭ،
تا ئەبەتلىك دىلدارى سەن.

2007 - يىل 4 - ئاي مىيۈنخېن



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## سۆيسەم

قاراپ- قاراپ يوللىرىڭغا،
كېچە- كۈندۈز ئويلايمەن،
ئويلاپ سېنىڭ جامالىڭنى،
بىھۇش بولۇپ يۈرىمەن.

بىھوشلۇقنىڭ دەردىدە،
سەرسان بۇلۇپ يۈرىمەن،
سەرسانلىقنىڭ دەردىدە،
ۋەيران بولۇپ يۈرىمەن.

ۋەيرانلىقنىڭ دەردىدە،
ھەيران بولۇپ يۈرىمەن،
ئەتىر گۈلدەك لەۋلىرىڭگە،
سۆيسەم مەن دەپ يۈرىمەن.

2007- يىل  ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىغلىما قىز

يىغلىما قىز، يىغلىما،
ماكانىسىز دەپ قايغۇرما،
ئۆتتۈر كەلگەن قونالغۇدا،
قالدىممەن دەپ خار بولما.

كىرىپ قېلىپ قونالغۇغا،
چىقالماستىن قاقشىما.
ئادەملەردىن ياتسىراپ،
بوينۇڭنى قىسىپ قوي بولما.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
تىلىنى بىلمەي غەم قىلما،
يالغۇز مەن دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
ھەسرەت چېكىپ كۆل بولما.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
يالغۇز مەن دەپ يىغلىما.
ئۆز ئۆزۈڭگە سۆزلەۋېرىپ،
ئىگەم يوق دەپ يىغلىما.

غەيرەتلىك بول، جەسۇر بول،
ئىمانلىق بول، ئەقىللىق بول،
ئۈمىد بىلەن ياشىغىن،
كۆز يېشىڭنى تۆكمىگىن.

2007 ـ يىل 1 ـ ئاي مىيۈنخېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەھرا قىزى

بەخت قۇشى ئۇچۇپ كېلىپ
قونۇپتۇ سەھرا قىزىغا،
كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇپ،
چۈشۈپتۇ شەھەر ئۈستىگە.

كۆرۈپ گۈزەل بۇ شەھەرنى
بىلمەي ئۇنىڭ ھېچ سىرىنى،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە،
ئۇنتۇپتۇ ئۇ سەھرا يۈزىنى.

قەۋەت ئۆيدىن ئورۇن ئاپتۇ،
ئەسلى ئىسمى ئۆزگىرىپتۇ،
ھەرخىل رەڭدە بويىنىپتۇ،
كۈندە بەش خىل كىيىنىپتۇ.

چىقىپ تالا تۈزىگە،
غادىيىپتۇ مېڭىپتۇ،

كۆرۈپ ئاددىي شەھەر قىزنى،
مەسخىرە قىلىپ چۇشۇرۇپتۇ.

كۇلۇپ قويۇپ شەھەر قىزى،
ئىندىمەستىن كېتىپ قاپتۇ،
قاراپ ئۇنىڭ تۇرقىغا،
نەلىكلىكىنى بىلىپ بوپتۇ.

كۆرۈپ تۇرغان بەخت قۇشى
كەپتۇ ئۇنىڭ يېنىغا،
ئاستاغىنە پىچىرلاپ،
سەپتۇ ئۇنىڭ سەمىگە.

تونوگونلا كېلىشىپ،
شۇنچە چاپسان ئۆزگىرەمسەن،
ئۇيالماستىن تۇغۇلغان
سەھرايىڭنى ئۇنۇتامسەن.

قاراپ تۇرۇپ شەھەر قىزنى،
مەسخىرىمۇ قىلىپ باقتىڭ،

www.uyghurkitap.com

بەس تالىشىپ ئۇنىڭ بىلەن
شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ باقتىڭ.

ئۆگەنمىدىڭ ئۇنىڭدىكى
ئاددى ـ ساددا ھاياتنى،
ئۆگەنمىدىڭ ئۇنىڭدىكى
كەمتەر، ئېسىل خىسلەتنى.

ئىسمىڭ، تۇرقۇڭ ئۆزگەرسىمۇ،
بۇ شەھەر سېنى ئالماس،
ئېسىل ۋەسلىگىدىن تانساڭمۇ،
بۇ شەھەر سېنىڭ بولماس.

رەنجىمىگىن سەن مەندىن سەھرا قىزى،
قۇلاق سالغىن گەپلىرىمگە سەھرا قىزى،
ئايغا چىق، يەتتە قات ئاسمانغا چىق،
ۋە ياكى ھۆر پەرى بول،
يەنىلا سەن سەھرا قىزى، سەھرا قىزى، سەھرا قىزى.

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

## يارىشىپتۇ

يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ،
زەپ چىرايلىق يارىشىپتۇ،
غۇنچە بويلۇق بويلىرىڭغا،
شايى كۆينەك يارىشىپتۇ.

يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ،
بەك چىرايلىق يارىشىپتۇ،
قەددى قامەتلىك تۇرقۇڭغا،
تونلىرىڭ بەك يارىشىپتۇ.

يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ،
ھۆسنۈڭگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ،
تولۇن ئايدەك ئاي يۈزۈڭگە،
ئۈنچە دوپپا يارىشىپتۇ.

يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ،
بەكمۇ چىرايلىق يارىشىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ساقال باسقان يۈزلىرىگە،
چىمەن دوپپا يارىشىپتۇ.

يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ،
ئۆزۈككە ياقۇت قاملىشىپتۇ،
ۋەتەن سۆيگەن قىز – يىگىتلەر،
بىر - بىرىگە ماسلىشىپتۇ.

ۋەتەن سۆيگەن ئوغلانلارغا،
ھور - پەرىلەر ئاشىق ئىكەن،
غۇرۇرى بار قىزلارغا،
ئۇيغۇر ئوغلى كۆيۈك ئىكەن.

2007 - يىل 4 - ئاي ميۇنخېن

## ھەيران

ھەيرانمەن ھەيران،
تۇغۇلغان شۇ دىيارىمدا
شۇنچە يىل ياشاپتىمەن،
تۇپرىقىمنىڭ قەدرىگە
زادى بىلىپ يەتمەپتىمەن.

ھەيرانمەن ھەيران،
مېھرىبانە ئانامنىڭ
قۇچاقلىرىدا ياشاپتىمەن،
شۇنچە راھەت ياشاپتۇرۇپ،
قەدرىگە زادى يەتمەپتىمەن.

ھەيرانمەن ھەيران،
كىچە - كۈندۈز بىللە بۇپ
قېرىنداش بۇپ ئۆتۈپتىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېرىنداشنىڭ مېھرىنى
زادى بىلىپ باقماپتىمەن.

ھەيرانىمەن ھەيران،
دوستلار بىلەن دوستلىشىپ،
خۇشال- خۇرام ئۆتۈپتىمەن،
دوست دېگەننىڭ قەدرىگە
زادى يېتىپ باقماپتىمەن.

ھەيرانىمەن ھەيران،
ئانا ۋەتەن تۇپرىقىمدا
شۇنچە يىللار ياشاپتىمەن
ۋەتەن سۆيەر خەلقىمنىڭ
ئارزۇلىرىنى بىلمەپتىمەن.

قاچان ئايرىلدىم ۋەتەندىن،
مېنى تۇغقان ئانامدىن،

قاچان ئايرىلدىم قېرىنداشتىن،
ئىناق ئۆتكەن دوستلاردىن.

قەدرى شۇنداق ئۆتۈلدى،
كۆزلىرىمگە كۆرۈندى.
كۆپ نەرسىلەر ئويلاندى،
كاللىلارمۇ ئىچىلدى.
ۋەتەن سۆيەر خەلقىمنىڭمۇ
ئارزۇلىرى بىلىندى.

2004 - يىل 4 - ئاي مىيۇنخېن

## جان ئانا

ئىسسىق ـ سوغۇق كۈنلەردە،
قورسىقىڭدا توشۇدۇڭ.
تارتىپ ئاچچىق تولغاقنى،
كۆزىمىزنى يورۇتتۇڭ.

ئەللەي ئېيتىپ ھەر كۈنى
قۇچىقىڭدا ياتقۇزدۇڭ.
بېرىپ ئانا مېھرىڭنى،
سۈتلىرىڭنى ئاققۇزدۇڭ.

كېچە ـ كۈندۈز يۈپ تاراپ،
يۆدۈپ يۆرۈپ چوڭ قىلدىڭ.
قىسىلمىسۇن بويىنى دەپ،
ئۆزۈڭ كىيمەي كىيگۈزدۈڭ.

ئوقۇپ بىلىم ئالسۇن دەپ،
مەكتەپلەرگە ئەۋەتتىڭ.

ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ،
نامىزىڭدا تىلىدىڭ.

قىزىڭ بولسا چىقاردىڭ،
ئوغلۇڭ بولسا ئۆيلىدىڭ.
ئانا بولۇپ قالغىنىڭدا،
پەقەت ھېرىپ قالمىدىڭ.

رازى بولغىن جان ئانا،
تارتقان ئاچچىق تولغىقىڭغا.
رازى بولغىن جان ئانا،
بەرگەن ئاپپاق سۈتلىرىڭگە.

رازى بولغىن جان ئانا،
ئەللەي ئېيتىپ باققىنىڭغا.
رازى بولغىن جان ئانا،
يۇدۇپ يۇرۇپ باققىنىڭغا.

قانداق قىلىپ جان ئانا،
سىنى رازى قىلارمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىپ جان ئانا،
سېنى يۇدۇپ باقارمىز.

قانداق قىلىپ جان ئانا،
قولۇڭغا قول بولارمىز.
قانداق كېلىپ جان ئانا،
پۇتۇڭغا پۇت بولارمىز.

قانداق قىلىپ جان ئانا،
ئەجرىڭنى ساڭا تۆلەرمىز.
قانداق قىلىپ جان ئانا،
ئۈمىدىڭنى ئاقلامىز.
قانداق قىلىپ جان ئانا،
ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزەرمىز.

2007 ـ يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

# چۈش

ئۇچۇپتىمەن، ئۇچۇپتىمەن ھېچ ھېرىپ قالماپتىمەن،
قانچە ئۇزاق ئۇچقىنىمنى ئۆزۈممۇ ھېچ بىلمەپتىمەن.
ئەتراپلىرىم قاتمۇ قات ئاق ماموقلارمىش،
ئالدىمدىكى يول باشلىغۇچىلار ھۆر پەرىلەرمىش.

ئۇچۇپ، ئۇچۇپ تۆۋەنلىدىم،
ئاستاغىنا يەر يۈزىگە قارىدىم.
كۆردۈم ئاق تون كىيگەن ھەيۋەتلىك چوققىلارنى،
ئەتراپتىكى گۈزەل خۇش پۇراقلىق باغلارنى،
يەنە تېخى چوققىدىكى تولۇن ئاينىمۇ كۆردۈم.

كۆردۈم سان ـ ساناقسىز شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەرنى،
رەڭمۇ رەڭ گۈل چېچەكلەرنى،
ياپيېشىل مەخمەلدەك بىپايان يايلاقلارنى،
تىنىمسىز ئېقىۋاتقان زەرەپشان، تارىم، ئىلى دەريالىرىنى،
يەنە تېخى قېپقىزىل ئاتەشتەك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان
يالقۇن تاغ ئېتەكلىرىنىمۇ كۆردۈم.
كۆردۈم تاملىرى ئالتۇن كۈمۈشتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

جاملىرى ياقۇتلاردىن،
نەققاشلىرى رەڭمۇ رەڭ قاش تاشلىرىدىن
سىلىنغان ئۆيلىرىمنى كۆردۈم.
گۆھەر بىلەن زۇمرەتنىڭ ئىلمىنى بەرگەن
ئۇسازلىرىمنىمۇ كۆردۈم.

كۆردۈم، كۆردۈم ئاخىرى كۆردۈم،
ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ كىچە كۈندۈز
جان قوزام دەپ باغرىغا باسقان،
بارلىقىنى مەندەك، سىزدەك پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلغان،
مېھرىبان ئاق روماللىق پەرىشتىلەردەك ئانامنى كۆردۈم.

كۆردۈم، كۆردۈم ئاخىرى كۆردۈم،
تۇرۇشلىرى ھەيۋەتلىك تەگرىتاغدەك،
سۆزلەشلىرى خۇددى خىزىرلاردەك،
ئاپپاق تونلۇق كۆيۈمچان دادامنى كۆردۈم.
كۆردۈم، كۆردۈم ئاخىرى كۆردۈم،
كېپىنەك دەپ ناخشا ئېيتىشىپ،
بىر يوتقاننى تەڭ تالىشىپ،

تۆت سامىسنى تەك بۆلۈشۈپ يەپ چوڭ بولغان،
جان جىگەر قېرىنداشلىرىمنى كۆردۈم.

كۆردۈم يەنە تېخى،
ئەسسالام دەپ سالام بېرىپ،
بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرىمنى،
مەھەللە كوّينى ۋە باشقىلارنى كۆردۈم.

كۆرۈپ، كۆرۈپ زادى ئىشەنمىدىم،
ئۆز ئۆزۈمدىن سورىدىم:
قانداق قىلىپ چىقتىممەن،
چوققىدىكى تۈلۈن ئايغا.
قانداق قىلىپ كىردىم مەن،
شۇنچە گۈزەل بۇ باغقا.

جاۋاب كەلدى بىردىنلا،
ئانام تۇرارمىش يېنىمدا.
قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ،
ئايلاندۇرارمىش بۇ باغدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇغۇلدۇڭ سەن بۇ باغدا،
سېنىڭ كىرىش ھەققىڭ بار.
ھەيۋەتلىك بۇ چوققىلارغا،
سېنىڭ چىقىش غەيرىتىڭ بار.

چوققىدىكى بۇغدا كۆلىنى،
ئوخشاتتىڭ سەن تولۇن ئايغا.
ھەيۋەت ئېگىز چوققىلارنى،
ئوخشاتقىن سەن قەھرىمانغا.

تۇيۇقسىزلا ئەتراپنى
قارا بوران قاپلىدى.
كۆزلىرىمنى ئاچۇرماي،
باغ تېشىغا ئۇچۇردى.

جاراڭلىدى بىر ئاۋاز،
قۇلىقىمنىڭ قېشىدا.
كىمدۇر بۇ دەپ چۆچىسەم،
دادام تۇرارمىش يېنىمدا.

قورقما قىزىم ھېچ قورقما،
داداڭ باردۇر يېنىڭدا.
جۇدۇنلۇق بۇ قارا بوران،
ئۇچۇرتالماس ھېچ ياققا.

ئاچ قىزىم كۆزلىرىڭنى،
كۆتۈر قىزىم بېشىڭنى.
قورقما، ياتما، ھېچ ئۇيىما،
غەيرەتلىك بول، ۋىجدانلىق بول.

ئالتۇن قىزىم، خېنىم قىزىم،
چىقارمىغىن يادىڭدىن،
بۈگۈن ئاخشام كۆرگەن چۈشنى.
ئۇنۇتمىغىن سەن بىزنىڭ
ساڭا قىلغان تەلىم سۆزنى.

2007 - يىل 4 - ئاي مىيۇنخېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## باغۋەنىنىڭ زارى

كۆنلەر ساناپ ئاي ئۆتتى،
ئايلار ساناپ يىل ئۆتتى،
باغقا كىرگەن مايمۇنچاققا
خېلى يىللارمۇ ئۆتتى.

ئۇنى دېدىم چىقمىدى،
بۇنى دېدىم چىقمىدى،
قۇرۇت، قوڭغۇزدەك كۆپىيىپ،
باغقا ئىگە بوپ چىقتى.

شۇنداق گۈزەل باغ ئىدى،
مېۋىلىرى شېكەردەك،
پۈتمەس-تۈگىمەس كان ئىدى،
ئاللا بەرگەن جەننەتتەك.

شۇنداق گۈزەل بېغىمنى،
مايمۇنچاقلار قىغ قىلدى،

شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەرنى،
ئۈزلىرىگە يەم قىلدى.

پوتمەس ـ تۈگىمەس كانلىرىمنى،
كېچە ـ كۈندۈز قېزىشتى،
جەننەتتەك شۇ باغلىرىمنى
سىيىپ هارام قىلىشتى.

كۆرۈپ باغىنىڭ هالىنى،
قىرىلغان شۇ شاخلىرىنى،
ئاهۇ دەرتىنىڭ ئىچىدە
يۈرىكىم زەرداپ بولدى.

ياردەم سوراپ تۇغقانلاردىن،
ئۆيمۇ ئۆيگە يۈگۈردۈم،
زەرداب بولغان يۈرىكىمنى
دوختۇرلارغا سۆزلىدىم.

كەلگىن قېرىندىشىم دەپ،
هېچ بىر تۇغقان چىقمىدى،

زەرداپ بولغان بۇ يۇرەككە،
دوختۇرمۇ داۋا قىلمىدى.

تاغلىرىم كۆزنى يۇمۇپ،
مۇشۇكلىشىپ كېتىپتۇ،
ھامىلىرىم رەڭمۇ رەڭ بوپ،
مايمۇنلىشىپ كېتىپتۇ.

كىرىپ جامە ئىچىگە،
مەزناخۇنۇمغا يالۋۇردۇم،
بېرىپ خولۇم خوشنىلارغا،
ھەممىسىگە باش ئۇردۇم.

خوشنا خولۇملاردىنمۇ
ھېچ بىر سادا چىقمىدى،
مېنى مەسخىرە قىلىپ،
مايمۇنچاققا بولۇشتى.

شۇ ئارىدا مەزناخۇنۇم،
ساقاللىرىنى سىلىدى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى تارقاتقۇچىسى

قوللىرىنى تىترىتىپ،
سۆزلىرىنى باشلىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئۈيلىماستىن،
تەكلىپ قىلدىڭ بېغىڭغا،
ماڭا مېھمان مايمۇنچاق دەپ،
ئېلىپ يۈردۈڭ بوينۇڭدا.

شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنى
زورلاپ راسا يېگۈزدۈڭ،
ماختاپ تۇرۇپ باغلىرىڭنىڭ
پۈتۈن كانلىرىنى كۆرسەتتىڭ.

ئۈيلاشمىدىڭ شۇ ۋاقتىدا،
ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشنى،
تىڭشىمىدىڭ شۇ ۋاقتىدا،
يوغان سەللىلىك ئاق ساقالنى.

مانا ئەمدى پۇشايمان قىپ، ◦
ھەممە يەردە يۈرۈيسەن،

قوللىرىڭدا كەتمەن يوق،
مەن باغۋەن دەپ يۈرۈيسەن.

ئالماق بولساڭ بىغىڭنى،
بەلنى مەھكەم باغلىغىن،
قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭنى
يىنىڭغا راسا توپلىغىن.

باغۋەن دىگەن نامىڭ ئۈچۈن
كەتمىنىڭنى كۆتۈرگىن،
سۇ ئاقتۇراي بىغىمغا دەپ،
ئېرىقلارنى چاپتۇرغىن.

2007 ـ يىل  ميۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## قۇتۇلايلى

ئۇيغۇر بىز دەپ جار سالدۇق،
ئۇيۇشمىدۇق ھېچ زامان،
ئۇيۇشقانغا قارا چاپلاپ،
قارشى چىقتۇق ھەر زامان.

ماختاڭ دېسە بەش كىشىلىك،
ئۇيغۇر بىز دەپ ماختىنىمىز،
بولسا ماكان تالان – تاراج،
بىپەرۋامۇ قىلمايمىز.

نەدە بولسا ئويۇن، ساز،
شۇ يەرگە بەك يۈگرەيمىز،
ئويناپ ئىچىپ، يەپ كۈلۈپ،
ئۇيالماستىن يۈرۈيمىز.

كىمكى ھەقنى سۆزلىسە،
ساتتۇق باشقا مىللەتكە،

قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى،
قويدۇق بۇ دەرت - كۆلپەتكە.

مايمۇن كىلىپ چالسا داپ،
ئوينىدۇق بىز ئۇسسۇلنى،
قاچانغىچە ئوينارمىز،
بۇ داپقا بىز ئۇسسۇلنى.

ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز
چوقىلىدۇق قاغىدەك،
قالدۇق مانا ئاخىرى
يىغلاپ يېتىم بالىدەك.

قىلىپ ئەمدى پۇشايمان،
ساپا چېلىپ يورۇيمىز،
قاچانغىچە چېلىشنى
ئۆزىمىز ھەم بىلمەيمىز.

باشقىلارمۇ ئادەمكەن،
ئىناق - ئېجىل ئۆتەركەن،

بىر ـ بىرىنى قوللىشىپ،
بۈركۈت بولۇپ ئۇچاركەن.

ھەممە ئىشنىڭ دەردى بار،
ئۇيغۇرۇمنىڭ ئەقلى بار،
ساتمىش بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ،
تېنىغا مىسران قىلىچى بار.

ئەقلى توشقان ئىنسانلارغا،
پۇشايماننىڭ چېكى بار،
ئالتۇن قەپەزدەك بۇ يۇرتتا،
ياشاشنىڭمۇ دەردى بار.

ئۇيۇشايلى ئۇيغۇرۇم،
قوللىشايلى ئۇيغۇرۇم،
باشقىلارنىڭ خورىدىن،
قۇتۇلايلى ئۇيغۇرۇم،
ئانا ۋەتەن تۇپراقىغا،
خوجا بولايلى ئۇيغۇرۇم

2007 ـ يىل مىيۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## دوكتورلارغا

ئادەم بولۇپ تۆرەلدىڭ،
ئانا يۇرتتا تۇغۇلدۇڭ،
يېتىپ ئاناڭ قۇچىقىدا،
ئەقلىڭ بىلەن يېتىلدىڭ.

ئالدىڭ كۆپلەپ بىلىمنى،
تۇغۇلغان شۇ يۇرتۇڭدىن،
ئالدىڭ گۈزەل تەلىمنى،
باققان سېنى ئاناڭدىن.

كېلىپ مانا يات ئەلگە،
تېخىمۇ كۆپ ئۆگەندىڭ،
ئالىم ۋە دوكتور دەپ،
جىمى ئەلگە تونۇلدۇڭ.

تۇغۇلغان شۇ يۇرتۇڭدا،
بوپتۇ ۋابا كېسىلى،

ياتقان ئانا قۇچاقلىرىڭ،
بوپتۇ ئۆلۈك زەمبىلى.

باققان سېنى ئانىلىرىڭ،
يوللىرىڭغا تەلپۈنگۈدەك،
كۈتۈپ سەندىن ئۈمىدلەرنى،
كۆز ياشلىرى تۆكۈلگىدەك.

كۆرۈپ شۇنچە دۇنيانى،
ئېلىپ بۇنچە بىلىمنى،
ئويلىمامسەن تۇغۇلغان
ئانا يۇرت ماكانىڭنى.

هەي! دوكتور، ئالىملىرىم،
زايە كەتمىسۇن بىلىملىرىڭ،
ئىشلەپ "سۇشى[3]" خانلاردا،
بىهۇدە ئۆتمىسۇن كۈنلىرىڭ.

---

[3]ياپون رېستورانى

دوكتور مەن دەپ ئۆزەڭدىن
پەخىرلىنىپ يۈرەمسەن،
ئېلىپ شۇنداق ئۇنۋاننى،
ھېچ ئىش قىلماي تۇرامسەن.

دوكتور دېگەن نامىڭغا
چۈشمىسۇن بىر قارا داغ،
چۈنكى سەن ئۇيغۇر ئۈچۈن،
تېپىلغۇسىز نۇر چىراغ.

ھەي! دوكتور ئالىملىرىم،
سەن نېمىنى ئويلايسەن،
يەنە كىمدىن قورقىسەن،
ۋۇجۇدۇڭدىكى نۇرلىرىڭنى
ئانا يۇرتۇڭغا چاچمامسەن.

2007 ـ يىل ميۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

# خۇش كەلدىڭ رامىزان

ياراتقۇچى ئاللاھ ئىگەم،
ئەۋەتىپتۇ بىزلەرگە،
رامىزاننى سوۋغا قىلىپ،
ئۈتتۈز كۈنلۈك مېھمانغا.

ئەسسالام دەپ رامىزانمۇ
مېھمان بولۇپ كەلدى بىزگە،
ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ
كۈتۈۋالدۇق ئۈتتۈز كۈنگە.

رەھمەت ئېيتىپ رامىزان
مېھمان بولغاچ ھەر كۈنى بىزدە،
خوشلىشىشقا چاي بېرىپتۇ
كېلەر يىلى يەنە كەلگۈچە.

خوش ئېيتقان بۇ چايىنىڭ ئىسمى
روزى ھېيت بايرىمى ئىكەن،

پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ
شاد خۇراملىق كۈنى ئىكەن.

شات خۇراملىق بۇ كۈنگە
ئاتا قىپتۇ گۈزەل خىسلەت،
ئاتا قىپتۇ يەنە شۇنداق
ھەرخىل سەرخىل ئېسىل سوۋغات.

ھەي! ئەزىز بەندىلىرىم!
ئۇنۇتقىن سەن ئاداۋەتنى
شەيتان چۈشۈرگەن زىددىيەتنى،
ئۇنۇتمىغىن مۇسۇلماننىڭ
سالام سائەت ئادىتىنى.

ھەي! ئەزىز مۆمىنلىرىم
ئۇنۇتقىن سەن بېشىڭدىكى
ئېغىر كۈلپەت، غەم - قايغۇنى،
ئۇنۇتمىغىن ئۇلۇق ھېيتنىڭ
شاد خۇراملىق نەغمىسىنى.

2007 - يىل ميۇنخېن گېرمانىيە

## ئەقىللىق يىگىت

ئاق كەپتەرمۇ ئۇچۇپتۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئۇچۇپتۇ.
يايرىمنى كىلىك دېگۈچە،
باشقىسىغا كېتىپتۇ.

ئۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىپتۇ،
بۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىپتۇ،
ھەممىسىنى كۆرۈپ بېقىپ،
كۆڭلى ماڭا چۈشۈپتۇ.

ئەستاغپۇرۇللا ھەي شەيتان،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
باشقىلارغا بۇ كۆڭۈلنى،
قانداق قىلىپ ئاڭلاتقۇلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇنى ئاگلاپ شەيتانچاق،
راسا خۇش بوپ كېتىپتۇ.
باشقىلارنى ئېچىتىپ،
ئۆزى چەتكە چىقىپتۇ.

كۆردۈگلارمۇ خالايىق،
تاشلاپ قويۇپ كېتىپتۇ.
نەپ چىقمىسا يېگى ياردىن،
كونا يارغا قايتىپتۇ.

ئەتراپتىكى ئەل — ئاغىنە،
ئۇششاق سۆزگە چۈشۈپتۇ.
شەيتان بىلەن بىرلىشىپ،
راسا چاۋاك چېلىپتۇ.

ئېزىپ قالغان قىزچاقمۇ،
بەكمۇ پۇشماق قىلىپتۇ.

ئۆز ئۆزىدىن ئۈيلىپ،
ئۆيدىن چىقماي يېتىپتۇ.

ئەقىللىق شۇ يىگىت،
ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ.
ئۆزى سۆيگەن قىزىغا،
سالاۋاتنى بېرىپتۇ.

توي كۈننى باشلاپتۇ،
بەزمىگە راسا چۈشۈپتۇ.
خۇش بوپ يۈرگەن شەيتانچاققا،
كاچاتنى راسا بېرىپتۇ.

2006 ـ يىل 11 ـ ئاي ميۈنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۆلبويى

سالام ئەزىز كۆل بويىدىكى ئەركەك
يىگىتچانلارغا!

يازمۇ چىرايلىق كىرىپ قاپتۇ،
دەرەخلەرمۇ ياشىرىپ قاپتۇ،
ئەتراپتىكى باغلارنىڭمۇ،
گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلىپ قاپتۇ.

بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەركەكچانلار،
باغ سەيلىسى قىلماقچى بوپتۇ،
ئورۇن ئېلىپ كۆل بويىدىن،
كاۋاپ قىلىپ يېمەكچى بوپتۇ.

ئۆزلىرى يالغۇز بولسىدى،
كاۋاپنى راسا يېسىدى،
خوتۇن بالىلىرى بولمىسىدى،
شاراپنى راسا ئىچسىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ سورۇننى،
قايسى ئەخمەق ھازىرلىغاندۇ،
يالغۇز يىگەن شۇ كاۋاپنى،
قانداق قىلىپ سىڭدۈرىدىغاندۇ.

سالام ئەزىز ئەركەكجانلار،
ئەركەك مەن دەپ كەتمەڭلار،
غىرىبانە بۇ يۇرتتا،
بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

سورۇن دىگەن بىزنىڭ دەپ،
بولۇشىغا يىمەڭلار،
ئۆيدە قالغان غىرىپلارنى،
ئانچە ـ مۇنچە ئويلاڭلار.

كۆلنىڭ بويى بىزنىڭ دەپ،
بولۇشىغا ئىچمەڭلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلاپ قېلىپ كۆل بويىدا،
سۇغا چۈشۈپ كەتمەڭلار.

ئۇنداق دېسەم خىجىل بوُپ،
يېيەلمەيمۇ قالماڭلار،
ئاچ قورساقتا بولۇشقا،
شاراپنىمۇ ئىچمەڭلار.

ئاخشاملىقتا كەچ قېلىپ
ئۆينى تاپالماي قالماڭلار،
كوچىلاردا سەتلىشىپ،
ۋارقىراپمۇ يۈرمەڭلار.

ئۆيدە قالغان غېرىپلارنى،
ئەندىشىگە قويماڭلار،
ئىزىپ ـ تېزىپ ئورمانلىقتا،
توشقان قوغلاپ يۈرمەڭلار.

كۆل بويىدا ئولتۇرۇۋېرىپ،
نەم تارتىپمۇ قالماڭلار،
ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆردەكلەرنى،
خوتۇنمىكىن دېمەڭلار.

سالام ئەزىز ئەركەكجانلار،
ئەمدى بۇنداق قىلماڭلار،
يەككە ـ يېگانە بۇ يۇرتتا،
بىزنى يالغۇز قويماڭلار.

مەخمەلدەك شۇ چىم ئۈستىدە،
بالىلىرى ئويناپ يۈرسىدى،
قىزىل گۈلدەك خانىملىرى،
يېنىدا ھەمرا بولسىدى.

ئاڭلاپ بولۇپ يازغىنىمنى،
مېنى تىللاپمۇ كەتمەڭ،
نەشتەر سانجىپ يايرىمغا،
سوراقسىمۇ ئەپ كەتمەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاقچاق بولسۇن ئازراق دەپ،
بۇنى مەن يېزىپ قويدۇم،
ئۆزلىرى يالغۇز يېمىسۇن دەپ،
سەمىڭلارغا سەپ قويدۇم.

ئۆيدە قالغان غېرىپلارغا،
ۋاكالەت بوپ سۆزلەپ قويدۇم،
سورۇنۇڭلارنىڭ قىزىشى ئۈچۈن،
مەن يايرىمدىن يوللاپ قويدۇم.

كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ قويۇپ،
كۆڭلۈڭلەرنى غەش قىپ قويدۇم،
كېلەر قېتىملىق سەيلىدە،
جۆر بولايلى دەپ قويدۇم.

ئانچە ـ مۇنچە كۈلسۇن دەپ،
پاراڭ ـ ماراڭ سەپ قويدۇم،
يىگىت بېشىنى ئاۋارە قىلىپ،
ئوقۇپ بەرسۇن دەپ قويدۇم.

بەرىكەت بەرسۇن سورۇنۇڭلارغا،
هاراق- شاراپ بەرمىسۇن،
كۆلكە بەرسۇن سورۇنۇڭلارغا،
يىغا- پىغا بەرمىسۇن.

شاراپسىزمۇ قىزىيدۇ،
نەغمە - ناۋا قاينايدۇ،
يىغىنسىزمۇ قىزىيدۇ،
كۆلكە چاقچاق قاپلايدۇ.

يىگىتجانلار دەپ قويسام،
راست يىگىت بىز دەپ قالماڭ،
يېتىلىپ قالغان پەرزەنتلەرنى،
ئىنىم - سىڭلىم دەپ يۈرمەڭ.

شۇنىڭ ئۈچۈن غوجاملار،
كەچ قەپ قالماي تۇرىشالا،
تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان،
بالىلىرىنى بالدۇرراق تېپىشالا.

ئۇنى- بۇنى دەپ قويدۇم،
ئاز- پاز چاقچاق قىلىپ قويدۇم،
ھەر قايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن،
بۇ بېيىتنى يېزىپ قويدۇم.

ھېرىپ قالماي ئوقۇپ بەرگەن،
يىگىت بېشىغا بەك رەھمەت.
زېرىكىپ قالماي تىڭشاپ بەرگەن،
غوجاملارغىمۇ بەك رەھمەت.

2007 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
ميۇنخېن گېرمانىيە



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى لادىرىسى
www.uyghurkitap.com

## ئىللەت ۋە خىسلەت
## (داستان)

ساھىپ خان بوُپ خانىم قىز،
سەپتوُ چىرايلىق داستىخان.
ئەتراپىدىن ئوُروُن ئاپتوُ،
ئېسىل زادە قىز ـ چوكان.

تائاملىرى ئوُخشاپتوُ،
تاتلىقلىرى ئوُندىن ھەم،
تاللاپ يېدوُق، ماختاپ يېدوُق،
بىر ـ بىرىدىن قويماي ھەم.

رەھمەت سىزگە خانىم قىز،
بەكموُ كاييپ كېتىپسىز،
ئۆيىگىزگە چاقىرىپ،
خويموُ جاپا تارتىپسىز.

زادى جاپاكەش ئوُيغوُر ئىكەنمىز،
يەپ ـ ئىچىشنىلا ئويلايدىكەنمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنىڭ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىپ شۇنچە ۋاقتىمىزنى،
قورساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىكەنمىز.

ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز،
ماختاپ ئۆتەركەن كۈنىمىز.
يەپ - ئىچىشنى، سۆز چۆچەكلەپ،
بىكار ئۆتەركەن ۋاقتىمىز.

بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ئەللەرنىڭ،
خانىم - قىزلىرى بەك ئاددىي ئىكەن.
ۋاقىت دېگەن ئۇلار ئۈچۈن،
ئالتۇندىنمۇ بەك قىممەت ئىكەن.

شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتەن بىلىملىككەن،
شۇڭا ئۇلار ھەممە ياقتىن قەدىرلىككەن،
شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ۋىجدانلىق ھەم يۈرەكلىككەن،
شۇڭا ئۇلار بۇ دۆلەتنىڭ خانىشلىرىكەن.

ئۆتۈنۈپ سوراي خانىم قىزلار،

بۇنداق جاپانى تارتمايلى،
ئىككى نان تاپساق بىرسىدە،
داپنى ئاززاق چالايلى.

تاشلاپ قويساق بەش ـ ئون تەڭگە،
يىلدا خىلى يىغىلاركەن،
يوللاپ بەرسەك پېقىرلەرگە،
بىزدىن شۇنداق خۇش بولاركەن.

ھەممىمىزنىڭ ھال ئەھۋالى،
ئۆزىمىزگە ئاپئايان،
چۈنكى بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز،
تېخىچىلىك بەك ۋەيران.

سالام ئەزىز خانىم قىزلار،
سۆزگە دىققەت قىلايلى،
يەپ ـ ئىچىشقا بارساقمۇ،
ئىچىمىزدە بىلەيلى.

ئەلمىساقتىن قالغان،

ھېكمەت سۆزنى ئويلايلى،
ئويلاپ ـ ئويلاپ راسا ئويلاپ،
ئاندىن ئۆيدىن چىقايلى.

«تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.
تويدىن ئاغرىغان بولساڭ،
ئۆزۈڭ توي قىلىپ كۆرۈپ باق.»

ئۆتۈنۈپ سوراي خانىم ـ قىزلار،
بىر ـ بىرىمىزنى ئايايلى،
سېلىپ بۇنچە داستىخاننى،
كۆپ ئاۋارە بولمايلى.

چۈنكى بىز مېھمان ئەمەس،
ياكى ئاچ بۆرە ئەمەس،
تۆكمىچىلىك بۇ زاماندا،
ئۇنچىلىكمۇ پەس ئەمەس.

ئەمما كۆرۈپ بىر سورۇننى،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغان شۇ خانىلارنى،
ئەسلەپ قالدىم تۇيۇقسىز،
ئۆرۈمچىدىكى توي كۈنۈمنى.

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

تۇغۇلغان شۇ ماكانىمدا،
ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا،
دوست - بۇرادەر يېنىدا،
ئۆتكۈزگەنتۇق تويىمىزنى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە،
ئون ئالتە يىلمۇ ئۆتۈپتۇ،
مۈشۈكنى ھەش - پەش دېگۈچە،
چاچلىرىمىزمۇ چار بوپتۇ.

سۈرۈشتۈرسەك يېشىمىزنى،
قىرىقتىنمۇ ئېشىپ قاپتۇ،

ئالدىمىزدىكى پەرزەنتلىرىمىز،

ئۆسۈپتۇ، يېتىلىپ قاپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ھەممىمىز،
خۇيمۇ چىرايلىق قىزلار ئىدۇق،
تۇغۇلغان شۇ ماكانلىرىمىزدا،
شۇنداق ئەزىز مېھمانلار ئىدۇق.

ئۇتتۇز بىر يىل ياشاپتىمەن،
تۇغۇلغان شۇ ماكانىمدا،
سەن ـ پەن دېگەننى بىلمەپتىمەن،
شۇنچە يۇرتنىڭ ئالدىدا.

سۆزلىسىمۇ باشقىلار،
كۆلۈپ قويۇپ كېتەتتىم،
نېمە گەپتۇ مەنىسى دەپ،
چۆشەنمەستىن يۈرەتتىم.

بىلگەنلىرى ماختىشاتتى،
بەكمۇ ئېغىر قىز بۇ دەپ،
بىمارلىرىم سۆزلىشەتتى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەجەپ ئېسىل ھەمشىرە قىز دەپ.

ئۇرۇمچىنىڭ ئېسىل قىزلىرى،
ساپلا مېنىڭ دوستلىرىمدى،
يىگىتلەرنىڭ ئالدىلىرى،
ئاساسى جەھەتتىن مۇھەببىتىمدى.

ئۆز ئۆزىنى ماختاپتۇ دەپ،
مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتمەڭ،
يىگىتلىرنى ئەسلەپتۇ دەپ،
چۆچەك قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرمەڭ.

چۈنكى ياشلىق ئىنسان ئۈچۈن،
شۇنداق گۈزەل ھايات ئىكەن،
يۇرتىڭىزدا ياشىغان،
ئۇ بىر غەمسىز دۇنيا ئىكەن.

چۈنكى ياشلىق ھاياتىنىڭ،
شېرىن ـ شېكەر ئەسلىمىلىرى ئىكەن.
يۇرت تېشىدا ياشىغان،

ئۇ بىر خارابى دۇنيا ئىكەن.
قاچان كەلدىم يات ئەلگە،
سەرسانلىقتىن خورلاندىم،
يۇرتسىزلىقنىڭ دەردىدىن،
شۇنداق بەكمۇ زارلاندىم.

بىلىپ بىلمەي ئىنسانلارغا،
چاي قۇيۇپمۇ ھېرىپ قالدىم،
دېدى، ئەتتى دېگەن گەپتىن،
شۇنداق بەكمۇ تويۇپ كەتتىم.

ئۆزى بىلمەي ئادەملەر،
زېھنى ھەققە تىقاركەن،
قورساق كۆپۈپ سۆزلىسىگىز،
ھەممىنى سىزگە ئارتاركەن.

ئارىلاشمىسىڭىز ئىنسانلارغا،
ئۇنىڭغا تېخى سۆزلىشەركەن،
بارمىسىڭىز سورۇنلارغا،
ھالىغا باقماي يارىتماسكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرۇم دەپ ۋاي دەپ قويسا،
كۆرەڭلىشىپ كېتىشەر ئىكەن،
ئۇنتۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشلىرىنى،
قېنىغا پاتماي قىلىشار ئىكەن.

كۆڭۈل تارتىپ سىرداشسىڭىز،
سىزدىن بەكرەك سىردىشار ئىكەن،
ئۆزىنىڭكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ،
سىزنىڭكىنى دېيىشەر ئىكەن.

دېگەندىمۇ سىرداش سۆزلەر،
پەقەت ئەينى چىقمايدىكەن،
ئالتۇن ـ كۆمۈش پەتنۇسلاردا،
گازىر ـ پۇرچاق تۇغۇلىدىكەن.

دەيدىغاننى دەپ بولۇپ،
ئۆزىنى ئاپپاق دېيىشەر ئىكەن،
باشقىلارنى دۆت كۆرۈپ،
ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىشار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشسە سىزگە ھاجىتى،
تونۇماي تۇرۇپ ئىزدىشەر ئىكەن،
تۆگەتكىچە ئىشلىرىنى،
راسا سىزنى ماختىشار ئىكەن.

تۈگىتىپلا ئىشلىرىنى،
سىزنى سۆكۈپ چىقىشار ئىكەن،
ئانىسىنىڭ ھەققى باردەك،
سىزدىن باتناپ يۈرىشەر ئىكەن.

تاپماق بولسا يۈز ئابرۇي،
مېھمانغا تەكلىپ قىلىشار ئىكەن،
داستىخاننى سىزگە راسلاپ،
زورلاپ راسا يېگۈزەر ئىكەن.

بىلمەي ئەزىز مېھمانلار،
ئىشتەي بىلەن يېيىشەر ئىكەن،
پوق گال ئۆچۈن تۇغۇلغاندەك،
بىر دەمدىلا ئېرىشەر ئىكەن.

ئۈزىتىپلا مېھمانلارنى،
شۇنداق سەتلەپ تىللار ئىكەن،
ئاڭلاپ قالسا سەت بولارنى،
زادى پەقەت ئويلىماسكەن.

ئاچ قالغان بۇ بۆرىلەر،
ھەممىنى يەپ مېڭىشتى،
ئاشقىنىنى سەپ بەرسەم،
ياق دېمەي ئەپ مېڭىشتى.
ئەپلەپ ـ سەپلەپ دوست بولۇپ،
ئىچ سىرىنى ئېلىشار ئىكەن،
ئۇرۇپ ـ سوقۇپ گال كانىيغا،
ئەدىپىنى بېرىشەر ئىكەن.

ھازازۇلدىن ھەممىسى،
ئاجايىپ بەك قورقىشار ئىكەن،

تىللاپ، سەتلەپ تۇرسىمۇ،
خۇشامەت قىپ تۇرىشار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

سۆزۈم بىر ئاز كۆپ بوُپ قالدى،
مېنى ساراڭ دەپ قالماڭ،
نەدىن تېپىپ يازغاندۇ دەپ،
بەكمۇ ھەيران قىلىپ قالماڭ.

ئون بىر يىلنىڭ ئىچىدە،
كۆردۈم ھەرخىل ئىنسانلارنى،
بىلمەي قېلىپ ئىنسانلارنى،
تارتتىم ھەرخىل كۆنلەرنى.
ئەگەر بەرسىڭىز رۇخسەت،
داۋامىنى دەپ بېرەي،
قانداق قىلىش توغرۇلۇق،
ئازراق مەسلىھەتمۇ بېرەي.

بىردەمدىلا تۆت باش،
بىر يەرگە جەم بولار ئىكەن،
بىر ـ بىرنى يالىشىپ،
ئاپاق ـ چاپاق ئۆتەر ئىكەن.

تۆت كۈندىن قارىسىڭىز،
شۇنداقمۇ سەت سېسىشار ئىكەن،
ئۆپكىلىرىنى چۇۋۇشۇپ،
يېسىپلىرىنى قۇيۇشار ئىكەن.

جان دوست بولۇپ ئۆتكەندە،
شەربىتى ھەسەل ئىكەن،
كۆڭۈللىرى ئاغرىشقاندا،
پوقتىن بەتتەر سېسىق ئىكەن.
دوستلار دوست- دوست ئۆتكەندە،
باشقىلىرى تونۇشمايدۇ،
كۆڭۈللىرى ئاغرىشقاندا،
شەرىم كۈنلىرىنى ئۇنتۇشىدۇ.

كېلىشكەچكە مىجەزلىرى،
دوست- دوست بولۇپ ئۆتەلىدى،
بىلىشكەچكە بىر- بىرىنى،
ئۆپكىلىرىنى چۇگالىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېلىشكەنچىكە مىجەزلىرى،
غەيۋەتكە راسا چوشەلىدى،
بىلىشكەنچىكە بىر ـ بىرىنى،
يالغان ھېجىيىپ يۈرەلىدى.

ئۆتمەي نەچچە ئايدىلا،
دوست بولۇشۇپ يۈرەلىدى،
ئالدىلىرىدا جىنىم دەپ،
ئارقىسىدىن تىللالىدى.
پايدىلىنىپ بۇنىڭدىن،
ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنلەر،
ئۇيالماستىن ئوتتۇرىدا،
گەپ توشۇپ يۈرىشەر ئىكەن.

پۇرسەتپەرەس ئادەملەر،
گەپ كوچىلاپ تۇرىشار ئىكەن،

يالغان ياخشىچاق بولۇپ،
ئوتتۇرىدا داپىنى چېلىشار ئىكەن.

داپنى چىلىپ يۈرگەنلەر،
گەپكە شۇنداق ئۇستىكەن،
بۆجى كۆرسىتىپ باشقىلارنى،
ئۆزىنى بىلمەي يۈرىدىكەن.

ھاياتلىقتا ئىنسانلاردا،
زىددىيەتلەر بولىدىكەن،
ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن،
ھەممە ئىشلار تۈزىلىدىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن خانىم ـ قىزلار،
دىققەت قىلايلى ھەممىمىز،
زىددىيەتلىشىپ قالغانلارنى،
ئىچىتمايلى باشقىمىز.

ياخشى ئۆتسۇن دوستلار دەپ،
سەكرەپ ئۇتتۇرىغا چۈشمەيلى،

دەرس ئۆتۈپ باشقىلارغا،
مالىم بولۇپ يۈرمەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئىشلار بىر ئەمەس،
قايتىلىنىپ بولىۋەردى،
گەپنى توشۇپ يۈرگەنلەر،
بىر چەتتە مات بوپ قېلىۋەردى.

شۇڭا كىرىپ ئوتتۇرىغا،
دەرسىنىمۇ ئۆتمەيلى،
كۆتۈپ تۇرۇپ ۋاقتىنى،
ئۆزلىرىگە بېرەيلى.
چۈنكى بىز دۈشمەن ئەمەس،
ئۇيغۇردىن باشقا قالماق ئەمەس.
ۋە ياكى نېنى پۈتۈن ئالاھىدە،
ھۆر- پەرى مىللەتمۇ ئەمەس.

ئەگەر بەرسىڭىز رۇخسەت،
يەنە ئازراق سۆزلەپ ئۆتەي،
نورۇزدىن كېيىنكى،
قىززىقچىلىقنىمۇ دەپ ئۆتەي.

نورۇز بۈگۈن بايرام دەپ،
ياخشى ئىشنى ئويلاپتىمەن،
بىر بولسىمۇ ئۇيغۇرۇمنىڭ،
ئابرۇيى بولسۇن دەپتىمەن.

بېرىپ بىزنىڭ تۆت ئۇيغۇرغا،
ئازراق كۆڭۈل سوۋغىسىنى،
بىلمەپتىمەن بەزىلەرنىڭ،
سۆزلەپ غاجاپ كېتىشىنى.
يامان ئىنسان ئەمەستى،
شۇنچە ئېسىل خانىم ـ قىزتى،
ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنى،
كۆتۈرىۋاتقانمۇ دەل شۇلارتى.

بىرى بىزنىڭ ئۇيغۇر،
رەسسام خانىمدى،
بىرى بىزنىڭ،
مۇزىكانتىمىز كىچىك قىزتى.

قالغانلىرىنىڭ بىرى بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا قاش بىلەن يورۇڭقاشتى،
يەنە بىرىنى سورىسىڭىز،
ئۇيغۇرۇمنىڭ دەرىكىدى.

كەپتۇ نورۇز بايرام دەپ،
كەلسە سىنىڭ ئەقلىڭگە،
خالىغىنىڭنى سوۋغا قىل،
ئاشۇ ئەزىز خەلقىڭگە.
قاراپ تۇرۇپ ياخشى ئىشنى،
يامىنىغا ئۆرىمىگىن،
ياخشى ئىشقا قوپقانلارغا،
چىدىماسلىق قىلمىغىن.

قېرىندىشىم ئۇيغۇرۇم،
خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ،
تامايىم يوق مېنىڭكى،
دەرنەكتىكى ۋەزىپىدىن.

يېزىپ قويۇپ سەھرا قىزنى،
قالدىم قۇرۇق بالاغا،

چۇشەنمەستىن مەنىسىنى،
تارتىپ چىقىشتى سوراققا.

ئەقىللىق شۇ ئىنسانلار،
بەكمۇ ياخشى پايدىلىنىپتۇ،
ئۆچ ئالماق بوُپ بىر- بىرىدىن،
مىنى سۆرەپ چىقىشىپتۇ.
كېيىن بىلسەم باشقىلاردىن،
راسلا سەھرا قىزلىرىكەن،
بەس تالىشىپ ئۆزلىرى بىلەن،
يۇرگەنلەرنىڭ بىرلىرىكەن.

قانداق دېگەن ئىنسانلار بۇ،
شۇنداق قاپاق بولارمۇ،
شۇنچە ياشقا كىرىشىپمۇ،
بۇنداق نادان بولارمۇ.

ئىچىم پۇشقاچ ئازراق،
بۇنى مەن يېزىپ قويدۇم،

داپ چالغان شۇ داڭ — داغچىغا،
ئازراق سىگنالمۇ بېرىپ قويدۇم.

ئۆتۈنۈپ سوراي خانىم — قىزلار،
يامان ئادەتنى تۈزىتەيلى،
قىسقىغىنە بۇ دۇنيانىڭ،
لەززىتىنى كۆرەيلى.
ئوقۇپ مېنىڭ يازغىنىمنى،
ھەممە يەردە تىللاپ يۈرمەڭ،
باشقىلارنىڭ غەيۋەتلىرىنى،
تاۋاقتا يۆگەپ كۆتۈرۈپ كەلمەڭ.

چۈنكى ئايال زاتىنىڭ قېنىدا،
ئازدۇر - كۆپتۇر بار بۇ ئىللەت،
ئۇندىن باشقا باردۇر يەنە،
ھەرخىل ئېسىل گۈزەل خىسلەت.

ئايال زاتىنىڭ ئۆزى بىر،
ئاللاھ ياراتقان ئۇلۇق ئانا ئىكەن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاچقان قوچاقلىرى،
يەتتە جەننەتنىڭ بىرى ئىكەن.

ئۇنىڭ قىلغان مېھنەتلىرى،
بۇ دۇنيانىڭ گۆھىرى ئىكەن،
يېتىلدۈرگەن پەرزەنتلىرى،
ئاشۇ جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ئىكەن.
ئايال زاتىنىڭ ئۆزى بىر،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايكەن،
ئۇنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى،
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاركەن.

ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالىرى،
تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل ئىكەن،
ئۇنىڭ خۇلقى — مىجەزلىرى،
جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەر ئىكەن.

ئايال زاتىنىڭ ئۆزى بىر،
شۇنداق گۈزەل دۇنيا ئىكەن،

ئۇنىڭ خۇش خۇي كۈلۈشلىرى،

ئەينەن قۇياش نۇر ئىكەن.
ئۇنىڭ يۇمشاق باغلىرى،
چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئىكەن،
ئۇنىڭ خۇش خۇي پۇراقلىرى،
جەننەتتىكى ئىپار ئىكەن.
ئايال زاتىنىڭ ئۆزى بىر،
بۇ دۇنيانىڭ بەرىكىتى ئىكەن،
ئۇنىڭ تاتلىق تىللىرى،
بۇ دۇنيانىڭ شەربىتىكەن.

ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى،
بۇ دۇنيانىڭ يوللىرى ئىكەن،
ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرى،
بۇ دۇنيانىڭ سىرلىرى ئىكەن.

ئايال زاتىنىڭ ئۆزى بىر،
بۇ دۇنيانىڭ بارلىقى ئىكەن،
ئۇنىڭ پۈتۈن بارلىقلىرى،
بۇ دۇنيانىڭ بايلىقى ئىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن خانىم — قىزلار،

بىر - بىرىمىزنى ئايايلى،
ئاللاھ بەرگەن بۇ خىسلەتنىڭ
ھۇزۇرىنى كۆرەيلى.
سالام ئەزىز ئەركەكجانلار،
سىزمۇ قۇلاق سەپ قويۇڭ،
ئايال زاتىنىڭ خىسلىتىنى،
مەھكەم ئەسكە ئەپ قويۇڭ.

ئۇماق-تاتلىق خوتۇن - بالىلىرىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ
شەمۇ شەگە كېتىپ قالماڭ،
يالغۇز قالغان قىز – چوكانىنىڭ،
ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىۋالماڭ.

ھەممە ئىشنى ئارتىپ قويۇپ،
ئايال زاتىنىڭ بويىنىغا،
ئەتىگەندىن كەچكىچە،
بىكار يۇرمەڭ كوچىدا.

قورساقلىرىڭىز ئاچ بولسا،
سەت قارىماڭ كۆزىمىزگە،

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىڭىز يۈرۈشمىسە،
كانىيىڭىزنى كەرمەك بىزگە.
سارائىلىقىڭىز تۇتقاندا،
يۈگۈرۈپ كەلمەك ئالدىمىزغا،
ئىچىپ ـ خامۇش كىرگەندە،
قول كۆتۈرمەك بېشىمىزغا.

كۆرۈپ كىچىك نارسىدىلەرنى،
كۆز قىرىڭىزنى تاشلىماڭ،
نەپسىڭىزنى يىغالماي،
ئەسكىلىكنى قىپ سالماڭ.

هايات بولسا ئانىڭىز،
يۈدۈپ يۈرۈپ بېقىۋېلىڭ،
قالغان ئاجىزلەرنى،
تۆرگە چىقىرىپ كۆتۈۋېلىڭ.

كۆپ سۆزلەشنىڭ هاجىتى يوق،
مۇشۇنچىلىك يېتىپ قالار،

ئەقلى توشقان ئەركەك جانلار
ئۆزلىرىمۇ بىلىپ قالار.
بۇرۇن بىلمەي قىلغان بولسا،
ئەمدى خىجىل بولۇپ قالار،
ئايال زاتىنىڭ خىسلەتلىرىدىن،
ئۆزلىرىمۇ ھەيران قىپ قالار.

ئاللاھ بەرسۇن ھەر كىمنىڭ
دىللىرىغا ئىمانىنى،
ئاللاھ بەرسۇن ھەر كىمنىڭ
كۆڭۈللىرىگە ئىنساپىنى.

غېرىبانە بۇ يۇرتتا،
ئاللاھ بىزگە يۆلەكتۇر،
ئۇ دۇنيانىڭ سەپىرىدە،
ئاللاھ بىزگە ھەمرادۇر.
ئامىن.

2007 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى
ميۇنخېن گېرمانيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئتوت: نورۇز بوۋاي ۋە نورۇزخان

ئىككىسى ئىككى ياقتىن تەڭلا چىقىدۇ. چىرايلىق كىيىنگەن نورۇزخان، قولىدىكى يوغان تاۋاقنى ئاران كۆتۈرگەن هالدا سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىقىپ كەلدى: تەققى - تۇرقى كېلىشكەن، نورۇز بوۋاي بولسا بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ئاپپاق ئۇزۇن تون ئۇنىڭ ئىچىگە كەشتە تىكىلگەن ئاق كۆينەك، بەللىرىدىكى شايى پوتىلىرى بىلەن تېخىمۇ سىپايە ۋە ئۆلىمالاردەك تەمكىن هالدا سەھنىنىڭ سول تەرىپىدىن چىقىپ كەلدى:

ئا-(نورۇز بوۋاي)
ئەسسالامۇئەلەيكۇم نورۇزخان قانداق ئەھۋاللىرى، ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟

ب-(نورۇزخان)

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام نورۇز بوۋاي.
(دومسايغان هالدا بىيىتنى باشلىدى)

كۆنلەر ئۆتتى ئاي ئۆتتى
كۆرمىدىمغۇ يۈزلىرىنى،
كەپقاپلىغۇ بۇ ياققا،
كۆرسەتكىلى ئۆزلىرىنى.

ئا-قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ-ب غا قاراپ:

1. ئەي نورۇزخان تىڭشىغايلا،
مەندىن پەقەت رەنجىمىگەيلا،
ئەسلەپ كەلدىم ئۆزلىرىنى،
ئايدەك گۈزەل يۈزلىرىنى.

2. ماكانلىرىم ئالماشسىمۇ،
ئادەملەر ياتلاشسىمۇ،
ئۇنتۇمايمەن هېچ بىر زامان،
ئۆزلىرىدەك نورۇزخاننى.

ب ـ كۆلۈپ كېتىپ:

ۋاي رەھمەت، رەھمەت نورۇز بوۋاي، مەن تېخى ئۆزلىرىنى، مېنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ بايا قاتتىقراق تېگىپ قويۇپتىمەن كەچۈرسىلە، ھە كەچۈرسىلە.

ئا. بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ھېچ قىسى يوق نورۇز خانىم، ھېچ قىسى يوق. ۋاي نورۇزخان بۇ يوغان تاۋاقنى كۆتۈرۈپ نەگە ماڭدىلا؟

ب ـ نازلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ۋاي توۋا نەگە دەيلىغۇ نورۇز بوۋاي.

1. يىغىلىپتۇ ئەل جامائەت،
ھەممە قىلىپ تەييارلىقنى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جامائەتمۇ ئۇنتۇماپتۇ،
سىلىدەك ئېسىل نورۇززاتنى.

ھېلىمۇ كېچىكمەي دەل ۋاقتىدا كەلدىلا بۇ تاۋاقنى شۇ يەرگە ھازىرلىدىم، قېنى ماڭسىلا نورۇز بوۋا كېچىكىپ قالمايلى:
سەھنە ئۈستىدىكى نورۇز بوۋاي بىلەن نورۇزخان ئۆزلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى ۋە تاۋاقتىكى نورۇز تاتلىق چاشقىسىنى (كەمپۈتلەرنى) جامائەتكە چاچتى.
نورۇز خۇشاللىقىغا چۆمگەن جامائەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن نورۇزغا تەييارلىغان ھەرخىل قىزىقارلىق نومۇرلىرىنى كۆرسىتىشىپ گاھ كۈلۈشۈپ، گاھ ئويىنىشىپ، بارغانسېرى قىزىپ جانلىنىپ كېتىشكە باشلىدى.
رەڭمۇ رەڭ مىللىي كىيىملەرنى كىيىپ خۇش ناۋا مۇقاملىرىغا ئۇسسۇلغا چۈشكەن خانىم-ئەپەندىلەر، قىز - يىگىتلەر، ئوماق

بالىلار، خۇددى باھاردىكى رەڭمۇ رەڭ گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشايتتى.
بۇ خۇشاللىق ئادەملەر قاينىمى ئىچىدىن نورۇز بوۋاي چىقىپ كەلدى، دە ئۇياق - بۇياققا بېشىنى بۇراپ نورۇزخاننى ئىزدەشكە باشلىدى:

نورۇز بېيىتى
ئىزدەش:
1. ئۇياق - بۇياققا قارايمەن،
ھېچ بىر ياقتا كۆرمەيمەن،
قېنى ئۆزلىرى نورۇزخان،
ئىزدەپمۇ تاپالمايمەن.

خانىملار توپى ئىچىدىن ياشقىنە چىرايلىق بىر خانىم ئورنىدىن تۇردى، دە - كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

(1-قېتىملىق نورۇزخاننىڭ قىياپىتىدىكى كىيىم ئالماشتۇرۇلغان) ئىدى.

جاۋاپ:

ب ـ 1. نورۇز بوۋاي دەپ قويسام،
مېنى موماي دەپ قالماڭ،
كەلسىلە ـ ماڭسىلا دەپ قويسام،
يالغۇزمىكىن دەپ قالماڭ.

ئا ـ 2. سىزنى موماي دېمىدىم،
ئەتىرگۈلگە ئوخشاتتىم،
كەلسىلە ـ ماڭسىلا دېگەنگە،
بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتىم.

ب ـ 2. ھەجەپمۇ بالىكەنسىز،
چاقچاقنىمۇ بىلمەمسىز،
قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى،
يوق بالاغا قويامسىز.

ئا ـ 3. دەيدىغاننى دەپ بولۇپ،
چاقچاق قىلدىم دېمىگە،
نازلانماستىن ئۇياقتا،
يېنىمغا تېزرەك كېلىڭە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ب ـ 3. ئاز گەپ قىلىپ تۇرۇڭە،
كۆزنى تولا قىسمىڭە،
ئادەم بار ـ يوق دېمەستىن،
شەرەتنى ئازراق قىلىڭە.

ئا ـ 4. ۋاي ئاستىراق سۆزلىڭە،
يوق بالانى تاپمىڭە،
قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى،
خوتۇن ـ چاقىسىز قويمىڭە.

ب ـ 4. سىزمۇ بايقاپ سۆزلىڭە،
ھەممىنى ماڭا ئارتمىڭە،
يېنىمدىكى ئەركەككە،
ئوبدان قاراپ بېقىڭە.

ئا ـ 5. دەيدىغاننى دەپ بولدۇم،
دەككەمنىمۇ يەپ بولدۇم،
ئاران كەلگەن نورۇزدا،
چاقچاقنىمۇ قىپ بولدۇم.

ب ـ 5. ئۈنى ـ بۈنى دېيىشتۇق
كۆڭلىمىزنى ئېچىشتۇق،
ئارتۇق كەتكەن يېرىنى،
چاقچاق بىلەن تۈگەتتۇق.

ئا+ب:
بۈگۈن نورۇز بۇپ قاپتۇ،
خخخخخخخمۇ كەپ قاپتۇ،
قېنى بۇيرۇڭ مەرھەمەت،
نوۋەت سىزگە كەپقاپتۇ.

2007 ـ 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
ميۇنخېن گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا.قاسىم

تور بەت ئادرېسىمىز: www.uyghurweb.net
ئېلخەت ئادرېسىمىز: aturan2003@yahoo.com